ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

شەرقىي تۈركىستان ئاكادېمىيە ھەققىدە ئەزالىق تەۋپىق مۇكاپاتى ئېلان ئالاقە Türkçe English ئۇيغۇرچە Уйғурчә Uyghurche

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
كۈچ - قۇۋۋەت بىلىمدىندۇر، سائادەت ئىلىمدىندۇر.
Güç - Kuvvet Bilimdendir, Saadet İlimdendir.

داڭلىق كىشىلەر دىن ئەدەبىيات پەن-مائارىپ تارىخ مەدەنىيەت ئانا تىل ۋەزىيەت ئانالىزى مىللىي مەۋجۇتلۇق

سىزنىڭ ئورنىڭىز: باشبەت » ئەدەبىيات گۈلزارى » قىرىق يىلدا نەشىردىن چىققان لۇغەت، يۈز يىلغا تاتىيدىغان ئىلمىي قۇدرەت

قىرىق يىلدا نەشىردىن چىققان لۇغەت، يۈز يىلغا تاتىيدىغان ئىلمىي قۇدرەت

يوللىغۇچى: ئاكادېمىيە يوللانغان ۋاقتى: 2020- يىل 24- ئاپرېل ئورنى: ئەدەبىيات گۈلزارى

ULY gha aylandurup körüsh USY gha aylandurup körüsh UEY gha aylandurup körüsh

«چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى» ھەققىدە ئەسلەمەلىك ئوبزۇر

پىروفېسسور دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

مەرھۇم ئۇستاز خەمىت تۆمۈر بىلەن پەقىر ئابدۇرەئوپ پولات 1976-يىل 9-ئايدا تۈزۈشكە باشلاپ، 1992-يىل 2-ئايدا، ئورگىنالىنى پۈتتۈرۈپ نەشرىياتقا تاپشۇرغان لۇغەت «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى» مىلادىيە 2016-يىل 3–ئايدا، ئاز كەم قىرىق يىل بولغاندا، بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرەپىدىن نەشىر قىلىنىپ تارقاتىلدى. بارەكاللاھ، سۆيۈنچلۈك ۋە مۇبارەك بولغاي!

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئىزاھلىق لۇغىتى

سەمىمىيەتىم بىلەن دەسەم، مەن نەشرىياتچى- ژۇرنالىستلارنى يازغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلار بىلەن ئوخشاش بولغان قىممەت تارازىسىدا قويۇپ باھالايمەن. بەلكى تەخى ئۇلارنى بەكرەك ھۆرمەتلەيمەن. چۈنكى، ئۇلار يازغۇچى، شائىر ۋە ئىلمىي تەتقىقاتچى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلەرنى لىللاھ باھالاپ، ئۇ ئامانەت ئەمگەكلەرنى نەشر قىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ بەرىدىغان ئەڭ خالىس ۋە تۆھپەكار ئىنسانلاركى، ئۇلار ياشىل چىراق ياقىپ بەرمەسە، سەنىڭ ئەمگەكىڭ ھەر قانچە ئالتۇن بولۇپ كەتسەمۇ، ئەخلەت قاتارىدا سانالىپ، بىر بۇلۇڭدا توپا باسىپ تۇرۇۋېرىدۇ!

شۇنداق، مەرھۇم ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر بىلەن مەن ئابدۇرەئوپ پولات 1976- يىل 9- ئايدىن باشلاپ، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى» ناملىق ز مىڭچە تاق ۋە بىرىكمە سۆز ئىزاھلانماسى مۆلچەرلەنگەن بىر لۇغەتنى تۈزۈشكە كىرىشتۇق. سۆز ماددىسى (词条) مەنبەسى مەملىكەت ئىچىدە نەشر قىلىنغان سك تىل-ئەدەبىياتقا تالىق كىتاب-ژۇرناللاردىن باشقا، مەملىكەت سىرتىدا شۇ چاغقىچە نەشر قىلىنغان تۈرلۈك تىللاردىكى مۇناسىۋەتلىك لۇغەت ۋە كىتابلار بولغاچ، ئۇلاردىكى چاغاتايچە سۆزلەرنى بىردىن-بىردىن تەرىپ كاپىيەن قىلىش مەنىڭ زىممەمدە بولدى. ئۇ چاغدا، كومپيوتەر تەخى بىزنىڭ قوللانمامىزغا كىرمىگەن بولغاچ، يازىش،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كۆچۈرۈش پەقەتلا ئەمگەكچان قولىمىز بىلەن بەجىرىلەتتى. يەنە ئۇ زاماندا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىدە، لاتىن ھەرپلىك ئۇيغۇر ياڭى يازىقى قوللىنىلاتتى. مىڭبىر تەرسلىكتە كاپىيەن قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرسام، لاتىن ھەرپلىك ياڭى يازىق ئەمەلدىن قالىپ، يەنە ئەرەب ھەرپلىك قەدىناس ئۇيغۇر يازىقىنى قوللىنىدىغانغا پەرمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مەزكۇر لۇغەتنىڭ ياڭى يازىقلىق كاپىيەنلەرىنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنى ئەرەب ھەرپىدىكى كونا يازىقلىق كاپىيەنگە ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلدى.

مەيلى قانداق بولماسۇن، لۇغەت ئورىگىنالىنى مانا شۇنداق تەكرارلانما ئەمگەكلەر بىلەن ئاخىرى كاپىيەنلەشتۈرۈپ بولدۇق. ئاندىن، ئۇنى ئەلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ، ئۆلچەملىك ئاق ئورىگىنال قەغەزىگە كۆچۈردۇق. ئىملالىق، چىرايلىق يازىشنى تەلەب قىلىدىغان بۇ ئەمگەككە پىدائىي بولۇپ قاتناشقانلاردىن كۆنمىزدىكى يازغۇچى ئەنۋەرھاجى مۇھەممەد ۋە رەژىسسور تاھىر ھامۇتلار ئاشۇ كەچۈرمىشلەرىمىزگە شاھىد بولۇپ تۇرۇپتۇ.

خەيرىيەت! مۇشەققەتنى يەڭىشنى شاراپەت بىلىپ ئىشلەپ، ساق ئون ئالتە يىلدا مەزكۇر «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى» ناملىق دىۋە لۇغەتنىڭ ئۆلچەملىك ئورىگىنالىنى تەييارلاپ پۈتكۈزدۇق. 1992- يىلىنىڭ باشىدا، ئۇستازىنىڭ تەلىماتى بويىچە، مەن ئابدۇرەئوپ پولات ئۇنى مەلۇم بىر نەشرىياتقا ئاپىرىپ تاپشۇردۇم. تاپشۇرۇپ ئالغۇچى مەسئۇل كىشى كۆلەر يۈزلۈك، قىزغىن مۇئامىلەلىك ئىدى. كۆز ئالدىمىدىلا، خىزمەتچى چاقىرتىپ، ئەسەرنى تىزىملاپ، نەشر قىلىشقا قوبۇل بولغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن خوشال ھالدا، ئىش ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم.

شۇ چاغدىن، ئالاھەزەل يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالغان ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم كادىرلىق تۈزۈم-قائىدەسى بويىچە، مەركەزىي مىللەتلەر ئۇنىۋەرسىتېتىدىكى مۇئاۋىن مەكتەپ باشلىقلىق ۋەزىپەسىدىن ئىستىپا بەرىپ، نەپەر كادىر بولدى ۋە ئۇزۇنغا قالماي، ئانا يۇرتقا قايتىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يازىق كومىتېتىدە، تەتقىقاتچى سالاھىيەتى بىلەن ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇستازىمىز ئۈچۈن، قىيماسلىق تۇيغۇسى ئىچىدە، ئۇزاتىش پائالىيەتلەرى قىلدۇق. مەن بىر ئۇزاتىش پائالىيەتىدە، مۇنۇ قەسىدەمنى نۇقتالىق نۇتۇق قىلىپ ئوقۇدۇم:

*

ئۇستاز قەسىدەسى

*

ياش ئىدۇق، گۆدەك ئىدۇق بەيجىڭغا كەلگەن چاغدا بىز،
بۇرنىمىزدىن تامچىلاپ تۇراتتى ئانا سۈتىمىز.

*

ياش ئىدۇق، ساددا ئىدۇق پەمۇ پاراسەتتە كىچىك،
ئويلاغان ئۈچۈشنى بىلمەيتتۇق قەيەرگە چۈشىمىز.

*

باش بولۇپ ئۇستاز خەمىت، نۇرنىسا خانىم شۇ چاغ،
سىلاغان مېھرى بىلەن «كەلگىن بالام» دەپ باشىمىز.

*

بەردى ئۇلار ئەجرى قىلىپ ئىلىم-ھېكمەتتىن دەرس،
كۆرسەتىپ ئىرپان يولىن دەدى: «ئەنە ئىقبالىڭىز».

*

بولدى ئۇستاز تەئلىمى ھەر قاچان دەستۇر گويا،
ئۇچراغان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش قوراللىمىز.

*

ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى ئۆمۈر، نەچچە ئون يىللار ئەنە،
ئانا يۇرت، ئەزىز دىيار، يىراقتا ئاتا-ئانامىز.

*

يوق پۇشايمان شۇندامۇ، ياڭرار كۆڭۈلدىن بىر سادا:
«مېھرىبان ئۇستاز بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈرگە رازى بىز!»

*

ھە، بۈگۈن ئۇستاز چىقىپتۇ يۇرتقا يۆتكەلمەك سەپەر،
ئايرىلىش ئەجەبمۇ تەسكەن، «ئۇھ!» چەكەر دىل تارىمىز.

*

قەلبىمىزنىڭ تۆرقى شۇ تاپ مىسلى تارىم دولقۇنى،
كۆڭلىمىزنىڭ تۆرىدە مېھمان غەيۇر ئوبرازىڭىز.

*

قەلبىمىزدە مىڭ پىكىر، مىليون پىكىر ئۆركەش ياسار،
جەملەسەك بىر جۈملەگە مۇنداق بولۇر دۇئايىمىز:

*

«نەدە بولسا، ئى، ئۇستاز، بولغاي سالامەت تەنىڭىز،
تەڭرىتاغدەك بەجىرىم، ئۇزاق بولغاي ئۆمرىڭىز،

*

بۇ بىزنىڭ ئارمانىمىز، ئىرادەمىز، مۇرادىمىز!».
1992-يىل، 27-ئىيۇن، بەيجىڭ.

*

شۇ ئەسنادا، مەزكۇر لۇغەتىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھەلىقى مەسئۇل كىشى مەنى چاقىرتىپتۇ. دەرھال بەرىپ، ئىشخاناسىغا كىرسەم، ئۇ يوغان بىر پارتىلاتقۇچ دوراسىدەك مەھكەم بوقۇچلاپ چىگىلگەن ۋە ھېچبىر قول تەككۈزۈلگەنلىكىدىن ئىز-ئەسەرمۇ يوق لۇغەت ئورىگىنالىمىزنى دوقۇسلاتقان ھالدا، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويىدى ۋە:

– كۆتۈر بۇ لۇغەتىڭنى، ئاداش! بۇ يەر خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئوپ پولات نەشرىياتى ئەمەس، خەلق ئاممىسىنىڭ نەشرىياتى. كىتابلارىڭدىن نەچچەنى نەشر قىلىپ، چىقىرىپ بەردۇق، بىر پىيالە سوغۇق سۈيۈڭنىمۇ كۆرمەدۇق. كۆتۈر! ماۋۇ بىر نەمەڭلەرنى ئەمدى، باشقا نەشرىياتقا ئاپىرىپ چىقىرىشۋال!،- دەدى.

ئويلاپ قارىسام، نەشرىياتچىنىڭ دەگەنلەرى يالغانمۇ ئەمەس ئىدى. راست، شۇ چاغقىچە بىر نەچچە پارچە كىتابىمىزنى مەزكۇر نەشرىيات نەشر قىلىپ بەرگەنىدى. ، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئەمگەكىمىزنىڭ ھالال، شۇ چاغلارنىڭ ئۆزىدە مەملىكەت ئىچىدە، مۇنداق بىر مۇكەممەل لۇغەت تەخى نەشر قىلىنىپ باقماغان، تولامۇ تلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمگەك ئىكەنلىكىمۇ ئەمەلىيەت ئىدى. شۇڭا، نەشرىياتچىنى بىردەم «ئەپەندىم» دەسەم، بىردەم «ئاكا» دەپ، ئىلتىماسىمىزنى تەكرار-تەكرار قەيت قىلىپ، يالۋۇردۇم گويا. مۇتلەق ئۇنۇم بەرمەدى. ئىلاجسىز، لۇغەت ئورىگىنالىمىزنى قايتۇرۇپ كەلىپ، خەمىت ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كىردىم. بولغان ۋەقەنى ئەينەن

دوكلات قىلدىم. ئەپەندىم مىللىي موخۇركا تاماكاسىدىن ئاچچىق قىلىپ يۆگەپ، بىر تال چەكتى. ئۆينىڭ ئىچى بىردەمدىلا لىق ئىسقا تولدى، ئۇستاز-شاگىرت ئىككىلەمىزنىڭ ئىچى ئاچچىق ئىچىدە تولغىناتتى.

-زىيالىيلار قوشۇنىمىزنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنچەلىك،- دەدى ئۇ ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن،- نەمە دەيمىز ئەمدى؟ بوپتۇ، مەن بۇنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، ئۇ يەردىكى نەشرىياتلارغا تەڭلەپ باقاي.

شۇنداق قىلىپ، لۇغەتىمىز ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كەتتى. قىسمەت، لۇغەتىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كەچۈرمىشلەرى ئوڭايىراق ۋە قولايىراق بولغان بولسا كىمنىڭ دەردى-ھە؟! سىلەردىن ھېچكىممۇ ئويلاپ باقماغان بولغىيدى، ئى، ئوقۇرمەنلەرىم! مەزكۇر لۇغەتىمىزنىڭ ئورىگىنالى يەنە ساق ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ مەن تونۇش كارتون قەغەزلىك يۆگەك، ئاشۇ مەن تونۇش شوينا-تاناپلار بىلەن چىگىلگەن پېتى بەيجىڭغا قايتىپ كەلدى. 2002-يىلى يازدا، بەيجىڭدىكى پەرزەنتلەرىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم مەزكۇر لۇغەت ئورىگىنالىنى قايتىدىن قولۇمغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ، مۇنۇلارنى بايان قىلدى:

«قايتىپ بارىپلا ئۈرۈمچىدىكى بىر نەشرىياتقا تاپشۇردۇم بۇ لۇغەت ئورىگىنالىنى. ئۇ يەردە، ئىككى يىل تۇردى. ئارقىدىن، يەنە بىر نەشرىياتقا تاپشۇردۇم، ئۇ يەردە، تاكى مەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل- يېزىق كومىتېتىدىن پېنسىيەگە چىققىچە تۇردى. بىر كۈنى چاقىرتىپتۇ، بارسام، مەسئۇل نەشرىياتچى:

-لۇغەتىڭىزلەر يامان ئەمەس ئىكەن،- دەدى ئۇ ئىرەڭسىزلىك بىلەن- ئەمما، ھەجمى بەك چوڭ ئىكەن. بۇنىڭغا بىز پۇل چىقىرىپ بولالماغۇدەكمىز شۇ تۇرۇقتا. مەنىڭچە، سىز يەنىلا بۇ لۇغەتىڭىزنى ئاشۇ ئۆمۈر تەرىڭىزنى ئايىماي تۆككەن كۆلى (口里 ئىچكىرى ئۆلكە) رىڭىزغا ئاپىرىپ، شۇ يەردە چىقىرىۋالساڭىز بولغۇدەك، مەرھەمەت!

-شۇنداق دەگەنىچە لۇغەتنى قولۇمغا كۆتۈرتۈپ قويدى، قاراڭ،- دەدى ئۇستاز خەمىت تۆمۈر تولامۇ خىجىلچىلىق ۋە ئائىلاجىلىقتا قالغان بىر تەرزدە،- ھەي،... ئامالسىزلىقتىن يەنە سىزگە ئەكەلدىم. كىم بىلىدۇ، ئەگەر ئۆمۈرۈم يەتمەسە، بۇ ئەمگەكنى نەشر قىلدۇرۇش سىزگە ئامانەت قالدى-دە، ئەمدى!

ئۇستازىم سۆزىنى تۈگەتىپ، باشىنى چايقاپ تۇرۇپ، ئاغىر خۇرسەنىپ قويدى. ئارامىزدا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈكۈنات ھۆكۈمران بولدى شۇ چاغ.

بۇ ھېكايەتنى مۇشۇ يەردە ئۈزۈپ قويۇپ تۇراي. ئەمدى، سەن زادى نەمە دەمەكچى، دەسەڭلەر، مەنىڭ شۇ چاغدىكى ئاچچىق تەسىراتىم شۇ: «خەرىدارىڭ بولماسا، زىبىيالىقىڭ نە كەرەك» دەگەندەك، ئىلىم ئەمەس، ئەمەل-مەنسەپ ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىدىغان دۇنيادا، سەن ھەر قانچە دۇردانە ئەسەر يازىۋەتسەڭمۇ، ژۇرنالىست-نەشرىياتچى ئاكاڭ خەرىدار بولماسا، ساڭا شاپائەت قىلماسا، ئەسەرىڭنى نەشر قىلدۇرۇش مۇشەققەتلىكتە-تەرسلىكتە، ئۆزۈڭ بولساڭ، بىچارەلىكتە-نەسلىكتە قالىۋەرىدىكەنسەن!

مىلادىيە 2006-يىل 9-ئاينىڭ 15-كۈنى، دۆلەت ئىشلەرى مىنىستىرلىقى ئىلىم-پەن گۇرۇپپاسىنىڭ ئەزاسى (国务院学科组成员)، مەركەزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مەكتەپ باشلىقى، ئاتاقلىق تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم يەتمىش بەش ياشىدا، ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ۋاي، دەرىخا! راست دەگەندەك، مەزكۇر «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى»نى نەشر قىلدۇرۇشقا ئۇستازىمىزنىڭ ئۆمۈرى يەتىشمەدى.

ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مىراس ئەمگەك «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى»نى نەشر قىلدۇرۇش ئۇزۇن سەپەرىنى مەن داۋاملاشتۇردۇم. 2009-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئوقۇتقۇچىلار بايرامى مۇناسىۋەتى بىلەن، مەركەزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى چىن ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى پروفەسسور، دوكتور ۋېن رىخۇەن (文日焕) ئەپەندىنى زىيارەت قىلدىم. زىيارەت ئەسناسىدا، مەن ئۇنىڭغا مەزكۇر لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش ۋە نەشرگە سۇنۇلۇش جەريانىنى تاڭىرقاشلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە تۇرۇپ ھېكايە قىلىپ بەردىم. ئاخىردا، ئۇنىڭ قوللاپ قويۇشىنى، مۇمكىن بولسا، لۇغەت نەشر قىلدۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشنى تىلەپ يازغان ئىلتىماسىمنى ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم. چاۋشيەن مىللەتىدىن بولغان بۇ مۆھتەرەم بىلىم ئادەمى شۇ قەدەر مۇھىم قورال كىتاب بولغان مەزكۇر لۇغەتنىڭ قىسمەتىدىن تۇيغۇلانغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە دەرھال بىر ئىككى تەلېفون ئارقالىق، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ھايال قىلمايلا، ئىلتىماسىمغا ئەللىك مىڭ يۈەن خەلق پۇلى تەستىقلاپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا مەرھۇم ئۇستاز خەمىت تۆمۈر نامىدىن ۋە ئۆز شەخسىمدىن سەممىي رەھمەت ئېيتتىم!

2009-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئەللىك مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مەزكۇر لۇغەت ئورىگىنالىنى كۆتۈرۈپ بارىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى ئەدەب بىلەن قاقتىم. ياقۇپ مۇھەممەتروزى مۇدىر ۋە قەيسەر قۇربان، ئەخمەتجان ھوشۇر مۇئاۋىن مۇدىرلار ئىززەت بىلەن قارشى ئالدى. مەقسەت-مۇددىئانى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇستاز خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارىدىن بولمىش بۇ ئەپەندىلەر بىر ئاغىزدىن: «بۇ لۇغەت تۈزۈلىۋاتقان چاغدا، بىزلەرمۇ ئۇستاز خەمىت تۆمۈرنىڭ ئوقۇغۇچىلارى بولۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان ئىدۇق ۋە جاپالىق ئەمگەكلەرىڭىزلەردىن خەۋەرىمىز بار ئىدى. ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە، بۇ ژىرىك ئەسەرنى سۈپەتلىك قىلىپ نەشر قىلىپ بەرىش بىزنىڭ زىممەمىزگە چۈشكەنلىكىدىن شەرەپ ھېس قىلىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپ، لۇغەت ئورىگىنالىنى قوبۇل قىلدىلەر. تەبىئىكى، مەن تولامۇ مەمنۇن بولدۇم.

خۇللەس كەلام، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى» (تۈزگۈچىلەر: خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇپ پولات) نىڭ ئاز كەم قىرىق يىللىق ئىسسىق-سوغۇق كەچۈرمىشلەرنى باشىدىن كۆچۈرۈپ، 2016-يىل 3–ئايدا نەشردىن چىقىپ تارقاتىلغانلىقى ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق تارىخىدا ئانىق بىر بەت ئەسلىمە قالدۇرۇشقا ۋە مىسال قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر غوللۇق ئىشتۇر، ئەلبەتتە!

ئەمدى، مەزكۇر لۇغەتنىڭ بۇ چاغقىچە نەشر قىلىنغان ئوخشاش ماۋزۇدىكى لۇغەتلەردىن پەرقى ۋە روشەن ئالاھىدەلىكلەرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالاي:

بىرىنجى، مەزكۇر «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى» چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-يېزىقى تەتقىقاتىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ياڭى سەۋىيەسى گەۋدىلەندۇرۇلگەن لۇغەت بولدى. ئالايلۇق، بۇ چاغقىچە نەشر قىلىنغان ئوخشاش ماۋزۇدىكى لۇغەتلەردە، «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يىگىرمە سەككىزدىن ئوتتۇز ئۈچكىچە ھەرىپ قوللانىلغان» (قاراڭ: “چىن قامۇسى” قاتارلىق مۆتىۋەر لۇغەتلەرگە) دەيىلگەن، يەنى ھەتتا ھەرىپ سانىمۇ ئىنتاڭ، چەكى توختاماغانلىقى قەيت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى»دە، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە قوللانىلغان ھەرپلەرنى مەنبە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا، «ئەلىف، بە، پە، تە، سە، جىيم، چىيم، ھە، خە، دا:ل (قوش چەكىت ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ)، زا:ل، رە، زە، ژە، سىين، شىين، سا:ت، زا:ت، ئىتقى، ئىزغى، ئەين، غەين، فە: ، قا:ف، كا:ف، گا:ف، لا:م، مىيم، نۇ:ن، ۋا:ۋ، ھا:ۋ، يا: ، ڭا: ، ھەمزە، ۋا:ۋ ئەلىف، يا:ئەلىف» ئاتالىدىغان جەمئىي ئوتتۇز ئالتە ھەرىپ قوللانىلغانلىقى ئانىق زاكون ۋە مول پاكىتلار بىلەن كۆرسەتىلگەن بولدى.

ئىككىنجى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئى (تىل ئارقا ï)، ئى (تىل ئالدى i)» بولۇپ، جەمئىي سەككىز سوزۇق تاۋۇش ئىشلەتىلگەنلىكى ۋە بۇ ئارادا، «ئې e»، يەنى «ئېبىق» تىكى «ئې» ئوقۇلىدىغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ مەۋجۇد بولماغانلىقىنى يەتىپ ئاشقۇدەك مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتىپ بەردى.

ئۈچىنجى، مەزكۇر «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى»نىڭ ئاخىرىغا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەلىپبەسىگە، يەنى چاغاتاي ئۇيغۇرچە ھەرپلەرگە تايىنىپ، سۆزلەم ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇم-مەئەنىسىنى ئىزدەگىلى بولىدىغان ئاچقۇچ بەرىلدى. بۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن، مەزكۇر لۇغەت شۇ چاغقىچە نەشر قىلىنغان باشقا لۇغەتلەردەك سۆز-كەلىمەلەرنى چاغاتايچە سۆزلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئوقۇلغۇسى (ترانسكرىپسىيەسى) بويىچەلا ئەمەس، بەلكى يەنە چاغاتاي ئۇيغۇرچە ۋەسىقەلەردىكى ئەسلىي ھەرپلەرنىڭ ئۆزى ئاساسىدا سۆزلەم ئىزدەگىلى بولىدىغان تۇنجى لۇغەت بولۇپ قالدى.

تۆرتىنجى، مەزكۇر لۇغەتتە، كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ، پۈتكۈل چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-يېزىقى دەۋرىدە ئىشلەتىلگەن ئەنئەنىۋى تۈرك-ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ كلاسسىك شەكلىنى تەپسىلىي كۆرسەتىشكە ۋە ئۇلارنى ئوچۇقلاپ ئىزاھلاشقا ئالاھىدە ئەتىبار بەرىلدى. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «توققۇز»نىڭ كلاسسىك شەكلى بىر يەردە «توقۇز» كۆرۈنسە، يەنە بىر يەردە ئۇنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى «توكۇس» ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ھال ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ ئىشلەتىلىدىغان «تەلتۆكۈس» (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى» (قىسقارتىلماسى) 290–بەت، 1999-يىل، شىنجياڭ خەلق نەشرىياتى) بىرىكمە سۆزىنىڭ ئەتىمولوگىيەسى ئ دە، «تەل» سۆزى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ چوڭ تاق سان بولغان «توكۇس»دىن تۈزۈلگەن بىرىكمە «تەل توكۇس» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەھمىيەتلىك يەرى ، بۇ بىر بىلىك ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «توققۇزى تەل، توققۇزى تەل بولماق» ئىدىئومى بىلەن «تەلتۆكۈس» بىرىكمەسىنىڭ ئالاقەسى، شەكىللەنىشى ۋە قوللانىلىش جەريانى قاتارلىقلارنىمۇ بىلىۋالىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ، ئەلبەتتە.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بەشىنجى، «نەۋائىي: بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر ئىبنى غىياسۇددىنىنىڭ لەقەبى» (قاراڭ: مەزكۇر لۇغەت 650-بەت، يۇقىرىدىن 19-قۇر). مانا بۇ ئۇيغۇر لۇغەتچىلىك تارىخىدا، بۈيۈك بوۋامىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ كىملىكىنى، مىللەت تەۋەلىكىنى دۇدۇقلىماي، تىلنى چايناماي، سۆز ئەتىمولوگىيەسى، ئۇقۇم-مەنىسى ۋە لۇغەت ئاساسى بىلەن ئانىق قىلىپ كۆرسەتكەن تۇنجى لۇغەت بولغانلىقىمۇ ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

ئالتىنچى، ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى مەزكۇر فورماتى ئون ئالتە كەسلەم، بىر مىڭ ئىككى يۈز ئون بەتلىك، ھەجمى مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق كەلىدىغان دىۋە ئەسەر «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى»نى پاكىز ئولتۇرۇپ، باشتىن ئاخىر كۆڭۈل قويۇپ بىر مۇتالىئە قىلىپ چىقسا، ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل-يازىقىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ مۇرەككەپ شەكلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر يازىقىنى بىلمەيدىغان نىمساۋاتلىق ھالەتىدىن جەزمەن قۇتۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق، بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەكستلىرىنىڭ ترانسكرىپسىيە-ئوقۇلغۇسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بوز ھالەتتىكى ئەسلى يازىق شەكلىنىمۇ راۋان ئوقۇيالايدىغان ۋە تولۇق چۈشەنەلەيدىغان پۈتۈن زىيالىي بولالايدۇ، چوقۇم!

چۈنكى، بۇ – قىرىق يىل تۈجۈپلەپ تۈزۈش، قىرىق يىل شاللاش-سۈزۈش ۋە قىرىق يىل سەپ يارىپ ئۈزۈش نەتىجىسىدە، شەرەپ بىلەن نەشىردىن چىققان لۇغەت بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇجەسسەم بولغانى ئەڭ ئاز يۈز يىللىغا تاتىيدىغان ئىلمىي قۇدرەتتۇر، شەكسىز!

2016-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى دۈشەنبە، كاشغارىيە.

2020-يىل 4-ئاينىڭ 24-كۈنى جۈمە، كالىفورنىيە.

ئىلاۋە: بۇ ئەسەر پروفېسسور دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازىقىنىڭ تەكلىماكان ئىملا قائىدەسى (لايىھە)» بويىچە يېزىلغان بولۇپ، تامامەن ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاكادېمىيە تور بېتىدە ئەينەن ئېلان قىلىندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازىقىنىڭ تەكلىماكان ئىملا قائىدەسى (لايىھە)

پروفېسسور دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي ئومۇمىي پرىنسىپ ”ئىملا قائىدەسى“ توغرا يازىش قائىدەسى دېگەن سۆز بولۇپ، مۇئەييەن بىر تىلدا سۆزلەشىدىغان ھەم شۇ تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز تىلىدىكى سۆز-كەلىمەلەرنى توغرا يازىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ يازىق قوللىنىمىدا ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدەلەر سىستېمىدۇر. ئىملا قائىدەسى مۇئەييەن بىر يازىقنى قوللىنىدىغان مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ... نى ئوقۇۋېرىش

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى

ئەسكەرتىش: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تور بېتىدىكى يازمىلار ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز-قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تور بېتىمىزدىكى يازمىلارنى مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا كۆچۈرۈپ كەڭ تارقىتىشقا بولىدۇ.

دوستانە ئۇلانمىلار – 2
ئالتۇن ئوق تورى
ۋەتىنىم مۇنبىرى
ئەلكۈن تورى
ئەۋلات تورى
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئانا تىل تېلېۋىزىيەسى

دوستانە ئۇلانمىلار – 1
ئامېرىكا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ياۋروپا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى
RFA ئۇيغۇرچە
ئۇيغۇر رادىئو تېلېۋىزىيەسى

ئاكادېمىيەنىڭ بۇرچى ۋە نىشانى
ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى - ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي روھىنى ئويغۇتۇش ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداش بىلەن بىرلىكتە، قۇتادغۇ بىلىگ ئېنستىتوتى قۇرۇش ئۇنى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ساھەدە مىللەتكە ياراملىق ياشلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ئىلمىي ئورگاندۇر.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ئاكادېمىيە ھەققىدە
ئاكادېمىيە ئەزالىقى
تور كۈتۈپخانىسى
تەۋسىق ئوقۇش مۇكاپاتى
ئېئانە
ئالاقە

© ئاكادېمىيە ئورگان تورى